⑥ ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئاتىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان خىزمەچىلەردەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن.

⑦ ئىشخانىغا كىرگىنىمدە، ئېزىز ھېلىقى چىگىش مەسىلە ئۇستىدە باش قاتتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن.

⑧ ئەسلىدە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ، ئۆزەمگە بالا تېپىۋاپتىكەنمەن.

⑨ كامىل ئىمىن بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتاي،دەپ بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدى.

⑩ ۋەلى ئىنگلىزچىنى پۇختا ئۆگەنگەچكە، ئامېرىكىدا ئوقۇيالىدى.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Küçükken parka gitmeyi çok severmişim.

2) Meğer o, kendisini sevmediğini düşünüyormuş.

3) Ben küçükken hiç yaramazlık yapmazmışım.

4) Size verdiğimi görevi yerine getirmemişsiniz.

5) Duyduğuma göre, sen onu seviyormuşsun.

6) O bana kızgın, çünkü alış veriş merkezinde ona selam vermemişim.

7) Ben bu konuya tam hakim olmadığım için size tatmin edici bilgi veremem.

8) Ben Hasan'dan özür dilemeye geldim.

9) Aslında suçu işleyen onlarmış mı?

10) Dün sana telefonda aradığımda sen sinamaya gitmişmişsin.

3- «بىرلىك I-شەخس بۇيرۇق رايى +دە (دېدى / دەۋاتىدۇ) شەكلى»

سۆزلىگۈچىگە كۆرە، پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايىنى كۆرسىتىدىغان ئىش – ھەرىكەت ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىناي دېدى / دەۋاتىدۇ.

يامغۇر ياغاي دېدى /دەۋاتىدۇ، چاپسانىراق كېتەيلى.

ئىزاھات: مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن غۇلجىغا باراي دەۋاتىمەن.

ئۇلار پۇتبول ئويناي دەۋاتىدۇ.

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

① ئۇ ( ) كۆپ يېۋالغاچقا، ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتتى.

② مۇئەللىم ماڭا ( ) بېقىپ، مىجەزىڭىز بولمىسا دەم ئېلىڭ دېدى.

③ ساۋاقداش ئىسكەندەر ( ) جازاسى بېرىلدى.

④ كېرەم مېنىڭ قولىقىمغا، ئەتە كەچتە كىنوغا بارايلى، دەپ ( ).

⑤ ئۇ دەرس ۋاقتىدا ( ) لا ئولتۇرىدۇ.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① توشقان سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، كۆۋرۈك ئىزدەپ كەتكەندە، غاز سۇ ئۈزۈپ بىردەمدىلا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا يېتىپ باردى.

② دەسلەپتە توشقان غازى مەنسىتمىگەنىدى، بىراق كېيىن توشقان غازنىڭ سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى كۆرۈپ قايىل بولدى.

③ دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى كىشىلەرگە ئېھتىياتچان بولۇش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى.

④ بىز ئۇستازلىرىمىزنى مەڭگۈ ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇستازلىرىمىزنىڭ تەربىيىسى بولمىسا، بىز ھەرگىز بۈگۈنكىدەك بىلىملىك بولالمايتتۇق.

⑤ بۇرۇن مەلۇم بىر يۇرتتا بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر باي ئۆتكەنىكەن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەتـ | + | كەچكە | ← كەتكەچكە |
| ئۆگەنـ | + | گەچكە | ← ئۆگەنگەچكە |
| قاتناشـ | + | قاچقا | ← قاتناشقاچقا |
| ئاڭلا | + | غاچقا | ← ئاڭلىغاچقا |

ئۇ توختىماي يازغاچقا تولگەتتى.

باغ ئورنى دۆڭ بولغاچقا سۇغىرالمىدۇق.

مەن بۇ رومانىنى ئوقۇپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

2- ۋاستىلىك پۈتكەن ئىزچىل خەۋەر رايى

سۆزلىگۈچى بۇرۇن يۈز بەرگەن مەلۇم بىر – ئىش ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئىككىڭلار بىر ۋىلايەتتىن كەلگەنىكەنسىلەر.

ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ كىشى يۇرتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بارغانىكەن.

تونۇگۈن بىز كەلگەندە سىلەر كىنوغا كەتكەنىكەنسىلەر.

مەريەمدىن سورىدىم، سىزنىڭ كىتابىڭىزنى يوسۇپ ئېلىپ كەتكەنىكەن.

سىلەر ھېلىقى ماقالىنى تېخى تەرجىمە قىلىپ بولمىغانىكەنسىلەر.

ئىزاھات: ۋاستىلىك پۈتكەن ئىزچىل خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ.

1) سوپەتداش بىلەن باغلىغۇچى پېئىل ئوتتۇرىسىغا ئۇلانما قوشۇمچىسى «مۇ»قوشۇلىدۇ. ئەمما «ئۇ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەردىن كەلگەنمىكەن؟

سورىدىڭمۇ؟ ھېلىقى ماقالە تېخى تۈزىتىلىپ بولۇنمىغانمىكەن؟

2) بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز شەكلىنىڭ كەينىگە ئۇلانما قوشۇمچىسى «مۇ»نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەردىن كەلگەنىكەنمۇ؟

سورىدىڭمۇ؟ ھېلىقى ماقالە تېخى تۈزىتىلىپ بولۇنمىغانىكەنمۇ؟